# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2019 - يىل 6 - ئاي
26
چارشەنبە
维吾尔文 6月26日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65-0002/-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24738 - سان　بۈگۈن 4 بەت


### شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 15 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە مۇنداق تەكىتلىدى

# پۈتۈن پارتىيەدىكىلەر چوقۇم باشتىن - ئاخىر ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك

■ پارتىيەمىزنىڭ پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلاردىن ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى تەلەپ قىلىشى پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلارغا پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىنىڭ پارتىيەنىڭ خاراكتېرى، ئاساسىي مەقسىتى، غايە - ئېتىقادى، كۈرەش نىشانىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكى، قانچە ئۇزاق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنسېرى، پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقسىتى - بۇرچىنى شۇنچە ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەكلىكى، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھىنى شۇنچە يوقىتىپ قويماسلىق كېرەكلىكى، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەكلىكى، پارتىيەنى باشتىن - ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، خەلق چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدىغان، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىدىغان، تۈرلۈك بوران - چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان، غەيرەت - شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ماركسىزملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىش.

■ ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتا، پارتىيەنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش بىلەن پارتىيە ئىچىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك، قاتتىق باشقۇرۇش بىلەن كۆيۈنۈشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك، تەشكىل تۈرتكە بولۇش بىلەن شەخسلەر تەشەببۇسكار بولۇشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن كېيىن «ئەسلى مەقسەت - بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش» توغرىسىدا 15 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىش ئۆتكۈزدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيەمىز 100 يىللىق چوڭ پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، قانداق قىلىپ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى مەڭگۈ ساقلاش، ياشلىق ھاياتى كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاش، قانداق قىلىپ خەلقنىڭ مەڭگۈ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىش، قانداق قىلىپ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش — بىز چوقۇم ياخشى جاۋاب بېرىشكە، ياخشى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر تۈپ مەسىلە. پارتىيەمىزنىڭ پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلاردىن ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى تەلەپ قىلىشى پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلارغا پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىنىڭ پارتىيەنىڭ خاراكتېرى، ئاساسىي مەقسىتى، غايە - ئېتىقادى، كۈرەش نىشانىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكى، قانچە ئۇزاق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنسېرى، پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقسىتى - بۇرچىنى شۇنچە ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەكلىكى، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھىنى شۇنچە يوقىتىپ قويماسلىق كېرەكلىكى، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەكلىكى، پارتىيەنى باشتىن - ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، خەلق چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدىغان، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىدىغان، تۈرلۈك بوران - چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان، غەيرەت - شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ماركسىزملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىش.

مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى يولداش سۈن يىلى بۇ مەسىلە توغرىسىدا چۈشەنچە بەردى ھەم پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى.

شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا سۆز قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن مۇنداق بىلدۈردى: يەنە بىرقانچە كۈندىن كېيىن، پارتىيەمىز قۇرۇلغانلىقنىڭ 98 يىللىقى بولىدۇ، مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى بايراملىق تەبرىكلەيمەن!

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مەقسەت — پارتىيەنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، يېڭى دەۋردىكى يېڭى تەلەپلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچىنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشنى چۆرىدەپ، باش تېما تەربىيەسىنى ھەقىقىي ياخشى قىلىشقا تۈرتكە بولۇش. بۇ ھەم مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ باشلامچىلىق بىلەن باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇش. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار ياخشى ئۈلگە بولۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا پۈتۈن پارتىيەگە نەمۇنە بولۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەمىز ماركسىزم بىلەن قوراللانغان پارتىيە، جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشنى باشتىن - ئاخىر ئۆزىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچى قىلغان ھەم ئىزچىل پارتىيەنىڭ بارلىق كۈرەشلىرى جەريانىدا نامايان قىلغان. پارتىيە تارىخىنى ئەسلىسەك، نېمە ئۈچۈن پارتىيەمىز شۇنچە ئاجىز، كىچىك ئەھۋالدىن پەيدىنپەي راۋاجلىنىپ زورىيالدى، قانلىق قىرغىنچىلىقتا ھەر قېتىم ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغاندا قايتا ھاياتلىققا ئېرىشەلىدى، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ماڭالىدى، بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «خەلق رازى بولغان مەمۇر»لار ۋە «خەلق رازى بولغان مەمۇرلار كوللېكتىپى» بولۇپ تەقدىرلەنگەنلەر ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

### لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى



6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ قاتارلىقلار بېيجىڭ خەلق سارىيىدا 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «خەلق رازى بولغان مەمۇر»لار ۋە «خەلق رازى بولغان مەمۇرلار كوللېكتىپى» بولۇپ تەقدىرلەنگەنلەر ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى.
□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆرېن فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار جاڭ شياۋسۇڭ، لىن خۇي)** 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «خەلق رازى بولغان مەمۇر»لار ۋە «خەلق رازى بولغان مەمۇرلار كوللېكتىپى»نى تەقدىرلەش يىغىنى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ خەلق سارىيىدا تەقدىرلەنگەنلەر ۋەكىللىرى بىلەن سەممىي كۆرۈشتى، ئۇلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى، ئۇلارنى ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۆز ئىش ئورنىدا تىرىشىپ ئەلا نەتىجىلەرنى يارىتىشقا ئىلھاملاندۇردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 4تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، شى جىنپىڭ قاتارلىقلار خەلق سارىيىنىڭ شىمالىي زالىغا كەلدى، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. شى جىنپىڭ قاتارلىقلار ۋەكىللەر بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئارىلاپ پاراڭلاشتى ھەم كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ ئۇگاندا زۇڭتۇڭى مۇسېۋېنىي بىلەن سۆھبەتلەشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر سۈن يى)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى خەلق سارىيىدا جۇڭگوغا خىزمەت زىيارىتىدە بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ئۇگاندا زۇڭتۇڭى مۇسېۋېنىي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى جۇڭگو - ئۇگاندا مۇناسىۋىتىنى ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىگە كۆتۈرۈشكە بىردەك قوشۇلدى.

شى جىنپىڭ مۇسېۋېنىينىڭ ئافرىقىدىكى نوپۇزلۇق سىياسىيون بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو - ئۇگاندا مۇناسىۋىتى ۋە جۇڭگو - ئافرىقا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن قوشقان مۇھىم تۆھپىسىنى تەرىپلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، جۇڭگو - ئۇگاندا مۇناسىۋىتى تارىختىكى ئەڭ ياخشى مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشەنچىسى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، ئەمەلىي ھەمكارلىق نەتىجىلىرى مول بولدى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنى نەتىجىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ماسلاشتۇرغۇچىلار يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى** 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنى نەتىجىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ماسلاشتۇرغۇچىلار يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ، يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇلتۇر 9 - ئايدا، جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى، بۇ، جۇڭگو - ئافرىقا مۇناسىۋىتى تارىخىدا ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. جۇڭگو - ئافرىقا رەھبەرلىرى جۇڭگو بىلەن ئافرىقىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ئافرىقا ئىتتىپاقى «2063 - يىل قارالمىسى»، ئافرىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى بىلەن چوڭقۇر ئۇدۇللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى بىردەك قارار قىلىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### نۇرلان ئەبلەمجىن قىزىلسۇ ئوبلاستىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

## باش تېما تەربىيەسى ئومۇمىي تەلىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **جاڭ يىڭچۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىس نۇرلان ئەبلەمجىن قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# نۇرمەمەتنىڭ بەخت يولى بارغانسېرى كېڭەيدى

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

□مۇخبىرىمىز سۈي يۈنيەن

5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سەھەردە، خوتەن ناھىيەسىنىڭ يېڭىئاۋات يېزىسى خىرۇك يېڭى كەنتىنىڭ ئاھالىسى نۇرمەمەت تۇرسۇن ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ، لىققىدە كۆكتات بېسىلغان ئۈچ چاقلىق توكسىكلىتنى ھەيدىگىنىچە كىرىپ كەلدى. «بۈگۈن كىرگۈزگەن كۆكتاتلىرىم ئالاھىدە ياخشى!» دېدى نۇرمەمەت ئۈنلۈك ئاۋازدا ئالدىغا چىققان خوتۇنى تۇرنىسا ئىبزىزغا.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن يەشىك - يەشىك كۆكتاتلارنى ھويلىسىدىكى كۆكتات دۇكىنىغا توشۇغاچ، كۆكتاتنىڭ سۈپىتى ۋە باھاسى توغرىسىدا پاراڭلاشتى، ئارىلاپ - ئارىلاپ بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قوياتتى. سەھەردىكى قۇياش نۇرى ھويلىغا چۈشۈپ تۇراتتى، ھاياتى كۈچكە تولغان بىر كۈن مۇشۇنداق باشلاندى.

«مەن ئەزەلدىن ھازىرقىدەك خۇشال بولۇپ باقمىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم كۈچكە تولغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن» دېدى نۇرمەمەت، خوتەن ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇشنى تاماملىغان يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە تىرىشىش يۆنىلىشىنى تاپقاچقا، ھەربىر كۈنى بەختكە تولدى.

### ■ كىچىك كۆكتات دۇكىنى قايتىدىن ئېچىلدى

ئىككى يىل ئىلگىرى، نۇرمەمەت ھويلىسىغا بىر ئېغىز ئۆي سېلىپ، كۆكتات دۇكىنى ئاچقانىدى، ئەمما سودىسى ئانچە ياخشى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەنىدى. تەربىيەلەش مەركىزىدىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، نۇرمەمەت بىلەن خوتۇنى دېيىشكەن تۇنجى ئىش كۆكتات دۇكىنى توغرىسىدا بولدى: «قايتىدىن ئېچىپلا قالماي، يەنە ياخشى باشقۇرۇشىمىز كېرەك. بىز قانۇنلۇق تىجارەت قىلىشىمىز كېرەك، ئاۋۋال بېرىپ تىجارەت كىنىشكىسى بېجىرەيلى، سىز يەنە ساغلاملىق كىنىشكىسى بېجىرىڭ، بىز چۆپ چىقىرىش ماشىنىسى ئېلىپ، بىرلا ۋاقىتتا چۆپ ساتايلى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ كۆكتات دۇكىنىنى سىز باشقۇرۇڭ».

بۇنىڭدىن تۇرنىسا ناھايىتى ھەيران قالدى، ئۇ بۇرۇنلا ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ ئىش قىلىشنى ئۈمىد قىلغانىدى، ئەمما، ئىلگىرى نۇرمەمەت دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئىشىنىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)